# ئۇيغۇر ئەلئىچى رېتسېپلىرى

# مومىلارنىڭ شىپالىق قولى

بۇ رېتسېپلارنى مومامغا مومىسى ئۆگىتىپتىكەن، مومىسىنىڭ مومىسىغا ئۇنىڭمۇ مومىسى ئۆگىتىپتىكەن، .... ئۇلارنىڭ بىرقىسمى تېخى خەت ئوقۇشنى بىلمەيدىكەن، مېنىڭ ئايالىم ئالىي مائارىپ تەربىيىسى كۆرگەن ئايال بولغىنىغا قارىماي، مومىسىدىن بۇلارنى ئۆگەنمەپتىكەن، ئەمدە نەۋرىسىگە نېمىلەرنى ئۆگىتەلەركىن؟

مەن بۇ كىتاپنى مومىلارنىڭ خاسىيەتلىك تەۋەرۈكلىرىدىن نەۋرىلىرىگە مىراس قالدۇرماقچى بولغانلارغا تەقدىم قىلىمەن.

AAQ(S487)

زۇنۇن قادىرى



# پىرىزىخان موماي

خۇدىيار يۈز يېزىسىنىڭ قۇملۇق مەھەللىسىدە بىر پارچە يېرىمىز بار ئىدى. بىز تېخى كىچىك بولغاچقا تې-رىقچىلىق قىلالمايتتۇق. شۇڭا بۇ يەردە تاغىمىزلا تېرىق-چىلىق قىلاتتى. مەن خامان ئېلىش ۋاقىتلىرىدا تۇلۇق ھەيدەپ بېرەتتىم. شۇ چاغلاردا، كەچ كۈزنىڭ بىر كۈنى، ئېتىز قىرىدىكى بىر تۈپ ئاچچىق ئالما دەرىخىنىڭ ئۈس-تىگە چىقىپ، كۆڭلىكىمنىڭ پېشىنى ئىشتىنىمنىڭ ئىچىگە تىقتىم - دە، توك ئالمىنى ئۈزۈپ، كۆڭلىكىمنىڭ ياقىسى-دىن قوينۇمغا سېلىۋەردىم. بىردەمدىلا ئالما بىلەن قوينۇم پومپايدى، يەنە كۆپرەك ئالماقچى ئىدىم لېكىن يامغۇر يېغىپ قېلىپ ئۈستۈبېشىم ھۆل بولۇپ كەتكىنى ئۈچۈن، ئالما دەرىخىنىڭ ئۈستىدىن سىيرىلىپ چۈشتۈم.

ئاچ قورساققا ئاچچىق، توك ئالمىنى يەۋەرگەنلىكىم ھەم يامغۇردا قالغىنىم ئۈچۈن بېقىنىمغا سانجىق تۇرۇپ قالدى. يۆتەلسەم جېنىم چىقىپ كېتىۋاتقاندەك ئاغرىيتتى. لاپاس ئاستىدىكى بۇلۇڭدا تۈگۈلۈپ زارلاۋاتقىنىمنى قوشنا قورۇدىكى پىرىزىخان موماي ئاڭلاپ يېنىمغا كەل-دى. ئەھۋالىمنى بىلگەندىن كېيىن، مېھرىبان موماي مېنى يۆلەپ ئۆيىگە ئېلىپ كىرىپ داۋالىدى:

ئۇ بىر سىقىم تەرتەزنى ئىلمان سۇغا چىلاپ، بىر پارچە ماتا لۆڭگىگە سۇۋاپ، بېقىنىمغا چاپلاپ تاڭدى ۋە جۇۋىغا ئوراپ ياتقۇزۇپ قويدى. لۆڭگە بارغانسېرى چاپلىشىپ بېقىنىمنىڭ تېرىسىنى قورۇۋالدى. شۇ ھالدا ئۇخلاپ قاپتىمەن، كەچقۇرۇن ئويغانسام سانجىق قويۇپ بېرىپ ياخشى بولۇپ قاپتىمەن.

گېلىم ئاغرىدى، دەپ كەلگەن چاغلىرىمدىمۇ پىرد-



*ئۇيغۇر هازىرقى زامان ئەدەبىياتىنىڭ پېشۋاسى—*
*مەرھۇم يازغۇچى زۇنۇن قادىرى*

زىخان موماي:
—تامىقىڭ چۇشۇپ قاپتۇ، بالام،—دەيتتى ـ دە،
ئىككى بارمىقىنى قازاننىڭ كۈيىسىگە سۈۋاپ تامىقىمنى
كۆتۈرۈپ قوياتتى، شۇنىڭ بىلەن گېلىم ساقىيىپ قالاتتى.
بەزىدە قىزىپ ئىسسىتما بولۇپ قالغىنىمدا سۆگەت چى-
ۋىقلىرىنى سۇغا چىلاپ دۈمبەمگە ساۋاپ ساقايتىپ قو-
ياتتى. بەزىدە بولسا، تۇز ۋە نان ئۇۋاقلىرى بىلەن ئاش-
لاپ قوياتتى ۋە: «ئەسكى تۆگمەنلىككە بار، ئىككى خو-
تۇنلۇققا بار، چىق، چىق!» دەپ ئەسنەيتتى.
يېزىغا چىقسام‌لا بۇ شەپقەتلىك موماي يېتىملىكىمگە
ئىچ ئاغرىتىپ، هالىمدىن خەۋەر ئېلىپ تۇراتتى، كىيىملى-
رىمنى يۇيۇپ ياماپ بېرەتتى. ماڭا تومۇ تېگىپ قالغان
چاغلاردا قارا ئۆرۈك، مۇچ سېلىنغان ئاچچىق ـ چۈچۈك
شوۋىگۈرۈچ ئېتىپ بېرىپ:
—تۇمىقىڭنى چۆكۈرۈپ كىيىپ، قىزىق ـ قىزىق ئى-
چىپ تەرلىسەڭ ساقىيىسەن،—دەيتتى. مەن شۇنداق قى-
لىپ، ساقىيىپ قالاتتىم.
خېلى چوڭ بولۇپ قالغان چاغلىرىم ئىدى، بىر كۈنى
يېزىغا چىقىپ پەرىزىخان مومايىنىڭ ئۆيىگە يوقلاپ كىر-
گىنىمدە، ئۇ بېشى ئاغرىپ ياتقانىكەن، مېنى كۆرۈپ
دەررۇ ئورنىدىن تۇرۇپ ئەھۋالىمنى سورىدى:
—چىرايىڭ سارغىيىپ قاپتۇغۇ، نېمە بولدۇڭ، بالام؟
—ئىككى ـ ئۈچ ئايدىن بېرى مەيدەم ئاغرىپ يۈرىدۇ.
—هە، ئۇنداق بولسا بۇنىڭ دورىسى بار،—موماي
كونىراپ كەتكەنساندۇقىنى ئېچىپ، كىچىك بىر خالتىدىن
هېلىقى سانجىق دورىسىنى ـ تەرتەزنى چىقاردى، ئۇنىڭ
بىلەن ناۋاتنى سوقۇپ ئارىلاشتۇرۇپ، كىچىككىنە خالتىغا
سالدى،—بۇنى بىر چېكىم ناسۋالدەك يەپ بەرسەڭ
مەيدە ئاغرىقىڭ ساقىيىدۇ،—دېدى ئۇ خالتىنى ماڭا بې-
رىۋېتىپ، شۇ دورىنى يەپ يۈرۈپ ئاشقازىنىممۇ ساقىيىپ
كەتتى.
پەرىزىخان مومايىنىڭ بېشى ئاغرىپ قالغان چاغلاردا
ئەتكەن چاي ئېتىپ ئىچسە ۋە چىنىنىڭ تېگىدە قالغان
چايىنىڭ شامىسىنى چايىنسا ساقىيىپ قالاتتى. ئۇ ئۇزاق
يىللار داۋامىدا ئەتكەن چايغا ئادەتلىنىپ قالغانىدى. ئۆيدە
چاي تۈگەپ قالغان چاغلاردا بولسا خۇمارى تۇتۇپ ئاغ-
رىپ قالاتتى. بۇنداق ئەھۋالنى سەزگىنىمدە شەھەردىن
چاي ئېلىپ چىقىپ، ئۇنىڭ دۇئاسىنى ئالاتتىم.
باهار ئايلىرىنىڭ بىر كۈنى پەرىزىخان مومايىنىڭ كاۋا
چېچىكىنى ئۈزۈپ، باشقا پېلەكتىكى چېچەككە دۈم كۆمـ-
تۈرۈپ، بوغقۇچ بىلەن تېڭىپ يۈرگەنلىكىنى كۆرۈپ سو-
رىدىم:
—موما، بۇ نېمە قىلغىنىڭىز؟
—مۇشۇنداق قىلىپ قويسا كاۋا ئوخشايدۇ،—دېدى
موماي. ئۇ چاغلاردا بۇ ئىشنىڭ سەۋەبىنى چۈشەنمەيتتىم.
گىمنازىيىدە بوتانىكا ئوقۇغىنىمدىن كېيىن، بۇنىڭ ئاتىلىق
چېچەكنى ئانىلىق چېچەك بىلەن چاڭلاشتۇرۇش ئىكەنلى-
كىنى بىلدىم، موماي يەنە كاۋىلارنىڭ يوپۇرماقلىرى چو-
ڭىيىپ هەم كۆپىيىپ كېتىپ پېلەك غوللىرىنى كۆمۈۋەتسە،
ئۇزۇن چىۋىق بىلەن يوپۇرماقلارنى يۇك ساۋىغاندەك
ساۋايتتى. ئاساسىي غول پېلەك هەددىدىن ئارتۇق ئۇچ
تارتىپ كەتسە، چىمداپ ئۈزۈۋېتەتتى، مەن ئۇنىڭ پەمى-
دۇرنىمۇ شۇنداق قىلىپ يۈرگىنىنى كۆرگەنىدىم. «نېمىشقا
بۇنداق قىلىسىز» دېگەن سوئالىمغا «مېۋىسى كۆپ بو-
لىدۇ» دەپ‌لا قوياتتى. ئەمما ئۇنىڭ سەۋەبىنى ئېيتمايتتى.
بۇنىڭدا نېمە سەۋەب بارلىقى ئۇ ۋاقىتلاردا ماڭا سىر ئى-
دى. ئەمما هوسۇلنىڭ مول بولغانلىقىنى كۆرۈپ تۇراتتىم.
مومايىنىڭ داۋالاش ئۇسۇلى ئاددىي، ئىشلەتكەن دورىلىرى
ئەرزان ئىدى. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، بەرگەن ئۇنۇ-
مىگە تا هازىرغىچە هەيرانمەن.

مەسلەن: قۇچاقتىكى بالىنىڭ كۆزى ياكى قۇلـىقى ئاغرىپ قالسا ئانىسىغا: «بالاڭنىڭ كۆزىگە سۈتـۈڭـدىن سىغىپ قوي» دەيتتى موماي، شۇنداق قىلسا، راست دېگەندەك بالىنىڭ كۆز، قۇلاقلىرى ساقىيىپ قالاتتى، ھەتتا بوۋاقنىڭ يۈزى يېرىلىپ، يېرىكلىشىپ قالسىمۇ «يۈزىگە سۈتۈڭنى تېمىتىپ سۇۋا» دەيتتى. ئانىسى شۇنداق قىلغاندىن كېيىن، بوۋاقنىڭ يۈزى سىلىقلىشىپ پارقىرايتتى.

ئەگەر كىچىك بالىلار يىقىلىپ كېتىپ قالسا ياكى بېشى بىر يەرگە تېگىپ كەتسە لاتىغا تۇخۇم سېرىقىنى سۈركەپ، بېشىغا ئوراپ تېڭىپ قوياتتى. شۇنىڭ بىلەن بالـــىنىڭ ئەھۋالى ياخشى بولۇپ قالاتتى. بۇ خىل داۋالاشنى موماي «تەڭلەپ قويۇش» دەيتتى، ئەگەر بوۋاقنىڭ ئىچى قاتتىق سۈرۈپ كەتسە، قوي يېغى بىلەن بۇلماق ئېتىپ بېرىش ئارقىلىق ساقايتاتتى.

مومايىنىڭ مېنىڭ پۇتۇمنى ئىككى قېتىم ھېچبىر چىقىمسىزلا داۋالاپ قويغىنى ئېسىمدە:

يالىڭاياغ يۈرگەن كۈنلىرىمنىڭ بىرىدە ئوك پۇتۇمنىڭ ئوتتۇرا بارمىقى تاشقا تېگىپ،پەشۋا يەپ زەخىملىنىپ قالدى. موماي يەر توزغىقى (ئەسكى تام ئەتراپلىرىدا، كۆكتات ئارىسىدا بولىدىغان، ئىچىدە قارا توزغىقى بار ئۈرۈقچىدەك بىر نەرسە) سىلىپ ساقايتىپ قويدى. بۇ بىرىنچى قېتىملىقى ئىدى. ئىككىنچى قېتىمدا پۇتۇم مىتكوت بولۇپ، ئوشۇقۇم ئىششىپ كەتتى. موماي بۇنى كۆرۈپ: «گۆشى چۆچۈپتۇ» دەپ، تۆگە يۇڭىنى شاكارايقا چىلاپ شوپۇق ئېتىپ تاڭدى، كېيىن ئىككى تۇخۇم سېرىقىنى سۇۋاپ تېڭىپ قويۇپ ساقايتتى... تاغام دېھقانچىلىقتىن ئاز ـ تولا كىرىم قىلغىنىدىن كېيىن، كۈز كۈنلىرىنىڭ بىرىدە ماڭا يېڭى كىيىم ـ كېچەك تىكـكـۈزۈپ بـەردى. بولۇپمۇ مەسكاپتىن تىكىلگەن ئۆتۈكۈمگە ھەۋىسىم كېلىپ ناھايىتى خۇشال بولۇپ كەتتىم.

يېزىغا چىققاندا، ئۆتۈكۈمنىڭ توپىلىرىنى سـۈرتـۈپ، قاراگۇل سۇۋاپ پارقىراتقاندىن كېيىن، پىرىزخان مومايغا كۆرسەتكىلى كىرگەنىدىم، موماي كۆرۈپ:

ـــپاھ، پاھ، جېنىم بالام، يېڭى كىيىملەرنى كىيىپ بىر چىرايلىق ئەزىمەت بولۇپ قاپسەنغۇ، بولۇپمۇ ئۆتۈكۈڭ بەك يارىشىپتۇ، ئەمدى پۇتۇڭمۇ پەشۋا يېمىگـۈدەك،ـــ دېدى ۋە يېڭى بۆكۈمنى قولىغا ئېلىپ گۈللىرىنى كۆردى ـ دە، بېشىمنى سىلاپ بۆكنى يەنە كىيگۈزۈپ قويدى.

ـــمەن شەيتان تېرىسى دېگەن رەختتىن تىكىلـگـەن پەشمىتىمنىڭ يانچۇقىدىن قولياغلىقىمنى ئېلىپ:

ـــمانا قارا، موما، تېخى بۇرنۇمنى ئېرتىدىغان قولياغلىقىممۇ بار،ـــ دەپ ماختاندىم.

ـــتاغاڭ بۇنى ئېلىپ بېرىپ ياخشى قىپتۇ، ئۆتۈكۈڭنى پارقىرىتىپلا يۈرمەي، يۈز ـكۆزۈڭنىـمـۇ پـات ـ پـات سۈرتۈپ، پارقىرىتىپ تۇرساڭ تېخىمۇ ياخشى بولـىـدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن ئاپئاق قىزلارمۇ ساڭا قاراپ قـالـىدۇ. ئوبدان ياسىنىپ دەل ۋاقتىدا چىقىپسەن. بۈگۈن ھارپا، ئەتە ھېيت، مەن جىقلا ساڭزا سالدىم. ئۇنىڭ ئۈستىگە قىزىم چىمەنگۈل ئايەملەپ بىر دەستە ساڭزا ئېلىپ كەپتۇ، نەۋرىمىز مودەنگۈلمۇ كەلدى، نورۇز ئاغىنەڭمۇ ساغلىقنى قوزىلىرى بىلەن ھېلى ھەيدەپ كېلىدۇ، سەنمۇ شۇلار بىلەن ئايامىلەپ مېھمان بولۇپ، بىزنىڭ ئۆيدە قونۇپ قال. يۈر، ئۆيگە كىر،ـــ دېدى ـ دە، قولۇمدىن تۇتۇپ ئۆيگە باشلاپ ئەكىردى. چىمەنگۈل ھەدەم قازاندىكى ياغقا قېيىقچا سېلىۋاتقانىكەن.

ـــۋاي ـ ۋۇي، ئوغلىمىز يىگىت بولۇپ قاپتىغۇ،ـــ دەپ ئەركىلىتىپ قارشى ئالدى ئۇ. مودەن قىزمۇ قىزىل تاۋار كۆڭلەك كىيىپ ھەقىقىي مودەنگۈلدەك چىرايـلـىق ئېچىلىپ كېتىپتۇ. دېگەندەك، نورۇز ئاغىنەممـۇ قـوي ـ قوزىلىرىنى ھەيدەپ كەلدى. بۈگۈن كەچتە پىرىزـخـان مومايىنىڭ ئۆيى خۇشاللىققا چۆمدى، موماي، ياغ پۇرىتىپ ژىت ۋە تۇخۇم پوشكىلى سالدى، قايماقلىق چاي ئېتىپ بىزنى مېھمان قىلىشقا باشلىدى. مېنىڭ ئالدىمدىكى ئاپقۇر چىنىگە ئۇنىمغىنىمغا قويماي دۆۋىلەپ ساڭزا سېلىۋەتتى، يەپ ـ ئىچىپ چىنىنى يېرىملىتىپ تۇرۇۋۇشۇمغا «كىچىككىنە قايمىقىدىن» دەپ چىنەمنى يەنە جىقلاپ قوياتـتـى ھـەم پوشكال يېيىشكە زورلايتتى.

موماي مېھمان قىلىمەن، دەپ مېنى خېلى قىين ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويدى. چاينى تۈگىتىپ ئىچىشنىڭ قىيىنلىقى ھەم مودەنگۈلدىن ئىزا تارتىش تۈيغۇسى بىلەن تەرلەپ قىزىپ كەتتىم. مومايىنىڭ قىزىق پاراڭلـىـرىـدىن كېيىن، قورۇنۇشلىرىم بارغانسېرى يوقىلىپ يايراپ قالدىم.

ـــساڭزىنى يەڭلار، دېسەم ھېچ ئۇنىمايسىلەر، ئەگەر جوزىغا ساڭزا مۇشۇنداق دۆۋىلەپ قويۇلغانلىقىنى ھاپىزكام كۆرگەن بولسا ئۈستىگە دۈم چۈشەتتى.

ـــھاپىزكام دېگەن كىم ئاپا؟ـــسورىدى چىمەنخان.

موماي تۈرلۈك رىۋايەت، ئەپسانىلەرگە ۋە لەتـىـپـە، چۆچەكلەرگە باي ئىدى. ئۇ چىمەنخان ھەدەمنىڭ سوئالىغا يارىشا مۇنداق بىر خەلق لەتىپىسىنى ئېيتىپ بەردى:

ـــبۇرۇن بۇ مەھەللىدە ھاپىزكام دېگەن بىر پاڭقاي ئادەم بار ئىدى، ئۇنىڭ خوتۇنى بىلەن بويىغا يەتكەن قىزىمۇ پاك ئىدى. ياز كۈنلىرىنىڭ بىرىدە، شۇ مەھەللىگە

سۇ نۆۋىتى كېلىپ دېھقانلار سۇ تۇتۇش ئۈچۈن ئات چېپىشىپ يۈرسە ھاپىزكام بىرىدىن:

— ھاي، ھاي، نېمە ئات چېپىپ يۈرسىلەر؟ — دەپ سوراپتۇ.

— تېخىچە بىلمىدىڭمۇ، سۇ كېلىدۇ، توغان سالمىز، — دەپتۇ ھېلىقى دېھقان.

— ھە، ھە، ئەجەب بوپتۇ، ـ دەپ ئۆيىگە يۈگۈرۈپتۇ ھاپىز، — ھەي خوتۇن، ھېيت كەپتۇ ھېيت، ساڭزا سالمايمىزمۇ، — دېگەنىكەن، خوتۇنى خۇشال بولۇپ:

— ۋىيەي، نېمە ئېلىپ بەرسەڭلار بېرىڭلار، — دەپتۇ ۋە خۇشاللىقىنى قىزىغا يەتكۈزۈش ئۈچۈن يۈگۈرۈپتۇ. ئانىسى:

— ھەي قىزىم، ئۇقتۇڭمۇ، داداڭ خېلى ئىنساپقا كېلىپ قاپتۇ، «قانداق رەختتىن كۆڭلەك كىيسىلەر، تاۋاردىنمۇ ـ دۇردۇندىنمۇ» دەيدۇ، قارا، — دېگەنىكەن.

— ۋىيەي، كىمگە بەرسەڭلار مەيلى، — دەپتۇ قىزى.

بۇ لەتىپىنى ئاڭلاپ ھەممىمىز ھارغىچە كۈلدۇق.

— ھەر كاللىدا بىر خىيال دېگەن مانا شۇ، — دېدى موماي. مودەنگۈلنىڭ يۈزى ئاناردەك قىزىرىپ كەتتى. بۇ قىزىللىق كۈلكىنىڭ تەسىرىدىن پەيدا بولدىمۇ ياكى ئۇنىڭ خىيالىغا پاك قىزنىڭ گېپى تەسىر قىلغانلىقتىن پەيدا بولدىمۇ چۈشىنەلمىدىم، لېكىن ئۇ ماڭا پات ـ پات كۆز قىرىنى تاشلاپ يەرگە قارىۋالاتتى. مودەنگۈل بىلەن ئىككىمىزنىڭ تارتىنىپ ئولتۇرغىنىمىزنى پەملىگەن موماي قىزىق ۋەقەلەرنى سۆزلەپ بېرىش ئارقىلىق بىزنى تېخىمۇ ئېچىلىپ ئولتۇرۇش شارائىتىگە ئىگە قىلماقچى بولدى.

— قاراڭلار، ھېيتنىڭ ساڭزىسىنى يېيىشنى ناھايىتى ياخشى كۆرىدىغان ھاپىزكامنىڭ ئالەمدىن ئۆتكىنىگىمۇ خېلى ۋاقىتلار بولۇپ قالدى. ئەمما ھېيت يەنىلا ئايلىنىپ كېلىۋاتىدۇ. كىشىلەرنىڭ ئۆمرى شۇنداق قىسقا بولىدۇ، لېكىن خىزىر پەيغەمبەرلا ئۆلمەيدۇ — دېدى موماي. ئاندىن ئۇ يەنە مۇنداق بىر رىۋايەتنى سۆزلەپ بەردى:

«خىزىر پەيغەمبىرىم بىر زامانلاردا كۆز يەتكۈسىز كەڭرى بىر ئورماندا كىشىلەرنىڭ ئوتۇن كېسىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ئۆتۈپ كېتىپتۇ، يەنە بىر دەۋرلەردىن كېيىن بۇ جايغا كېلىپ قارىسا ھېلىقى ئورمانزارلىق يوقىلىپ، ئۇنىڭ ئورنىدا بىر دەريا پەيدا بولۇپ قاپتۇ، دەريانىڭ قىرغىقىدا بىر ئادەم بېلىق تۇتۇپ ئولتۇرغۇدەك، خىرىز پەيغەمبەر بېلىقچىنىڭ يېنىغا كېلىپ:

— بۇ يەردىكى ئورمان نەگە كەتتى؟ — دەپ سوراپتۇ.

— بۇ يەردە ئەسلا ئورمان بولغان ئەمەس، ئاتا ـ بوۋىمىزدىن تارتىپ مۇشۇ دەريادىن بېلىق تۇتۇپ كېلىۋاتىمىز، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ بېلىقچى.

خىزىر ئۆتۈپ كېتىپتۇ، جاھاننى ئايلىنىپ يۈرۈپ بىر دەۋر ئۆتكەندىن كېيىن، يەنە بۇ دەريا بويىغا كېلىپ قاپتۇ. قارىغىدەك بولسا، دەريانىڭ ئورنىدا كاتتا بىر سازلىق تۇرغۇدەك، سازلىقتا بىر كىشى پادا بېقىۋاتقۇدەك. خىزىر پادىچىدىن:

— بۇ يەردىكى دەريا قېنى؟ ـ دەپ سوراپتۇ.

— بۇ يەردە دەريا نېمىش قىلسۇن، بۇ جاي ئەزەلدىن تارتىپ سازلىققۇ، ـ دەپتۇ پادىچى.

خىزىر يەنە بىر قانچە زامانلاردىن كېيىن بۇ جايدىن ئۆتۈپتۇ. قارىسا سازلىقنىڭ ئورنىدا كاتتا بىر شەھەر پەيدا بولۇپ قاپتۇ. خىزىر رەستىدىكى بىر دۇكاندادىن:

— بۇ يەردىكى سازلىق قېنى؟ — دەپ سوراپتۇ.

— بۇ جايدا ھېچقاچان سازلىق بولغان ئەمەس، ئاتا ـ بوۋىمىزدىن تارتىپ مۇشۇ شەھەردە ياشاپ كېلىۋاتىمىز، — دەپتۇ دۇكاندار. خىزىر بىر قانچە زامانلاردىن كېيىن بۇ يەرگە كەلسە شەھەرنىڭ ئورنىدا قۇملۇق سەھرا پەيدا بولۇپ قاپتۇ، قۇم بارخانلىرى يېنىغا تۆگىلىرىنى چۆكتۈرۈپ قويغان كارۋانلاردىن:

— بۇ جايدىكى شەھەر قېنى؟ — دەپ سوراپتۇ خىزىر.

— بۇ قۇملۇقتا قانداقمۇ شەھەر بولىدۇ. ئاتا ـ بوۋىمىزدىن تارتىپ بۇ جاي چۆل ـ جەزىرە ئىدى. بۇ يەردە يانتاقتىن باشقا نەرسە بولمىغان، — دەپتۇ كارۋانلار.

خىزىر ھەيران بولۇپ ئۆز يولىغا چۈشۈپتۇ».

مانا قاراڭلار، ئادەمنىڭ ئۆمرى قىسقا بولىدۇ. بىرەر جاينىڭ سەرگۈزەشتىسى كىشى ئۆمرىگە قارىغاندا ناھايىتى ئۇزۇن گەپ، بۇنى پەقەت ئۆلمەس خىزىرلا بىلىدۇ. ئەمما ئادەملەرنىڭمۇ قىسقا ئۆمرىدە ئۆزىگە لايىق سەرگۈزەشتىلىرى بولىدۇ.

— موما، ئەمىسە ئادەملەرنىڭ سەرگۈزەشتىلىرى توغرۇلۇق سۆزلەپ بەرسىڭىز، — دەپ سورىدىم. موماي تۆۋەندىكى ۋەقەلەرنى سۆزلىدى:

«بۇرۇن بۇھەم ئىسىملىك بىر ئادەم ئۆتكەنىكەن. بىر ئەتىيازلىقى قار كېتىپ ئېتىزلار تاۋلاشقاندا بۇھەم بىر پارچە يېرىنى تېرىماقچى بوپتۇ، ئۇ ئون ئۈچ ـ ئون تۆت ياشلىق بالىسىغا ساپانىنىڭ سېپىنى تۇتقۇزۇپ، ئۆزى بويۇنتۇرۇقنى گەجگىسىگە سېلىپ يەر ھەيدەپتۇ. ھېرىپ ـ تەرلەپ تىلى ساڭگىلاپ كېتىپتۇ. بۇھەمنىڭ بۇنداق قىين ئەھۋالىنى كۆرگەن بىر ئۆتكۈنچى سودىگەر:

— ھاي ـ ھاي، بۇرادەر، كالا ئورنىدا ئۆزىڭىزنى

قوشقا قېتىپ بەك قىيىن ئەھۋالدا قاپسىزغۇ؟ــ دەپ سوراپتۇ.

بۇھەم بېشىنى كۆتۈرۈپ سودىگەرگە:

ــ ھەم ئېيىن گۆزرەت،ــ دەپ جاۋاب بېرىپ قوش تارتىشنى داۋاملاشتۇرۇۋېرىپتۇ، سودىگەرمۇ ئۆز يولــغا چۈشۈپتۇ.

بىر قانچە يىل ئۆتكەندىن كېيىن، ھېلىقى ئۆتكۈنچى سودىگەر بىر شەھەردىكى ئېسىل ماللار بىلەن لىق تولغان دۇكان ئالدىغا كېلىپ، دۇكانداردىن بىر كىيىملىق كىمخاپ سېتىۋاپتۇ، زەن قويۇپ قارىسا كىمخاپ ساتقۇچى دۇكاندار باي بىر زامانلاردا كالا ئورنىدا يەر ھەيدەۋاتقان ھېلىقى ئادەم ئىكەن.

ــ ھاي ـ ھاي، بۇرادەر، بىر چاغلاردا گەجگىنىڭىزگە بويۇنتۇرۇق سېلىپ، يەر ھەيدىگەن كىشى سىز ئەمەسمۇ؟ــ دەپ سوراپتۇ.

ــ ھە، توغرا، مەن شۇ،ــ دەپتۇ ئۇ.

ــ قانداق قىلىپ مۇنچە باي بولۇپ قالدىڭىز؟

ــ ھەم ئېيىن گۆزرەت،ــ دەپتۇ يەنە دۇكــانــدار. ئۆتكۈنچى بولسا ھەيران بولۇپ ئۆز يولىغا كېتىپتۇ.

خېلى زامانلاردىن كېيىن بۇ ئۆتكۈنچى سودىگەر يەنە بىر شەھەرگە كېلىپ چۈشۈپتۇ. بۇ شەھەردە بىر تۆھمەتخورنىڭ تۆھمىتىگە ئۇچراپ شەھەر ھاكىمى ئالدىغا دەۋاغا بېرىپتۇ. ھاكىم دەۋانى ئادىللىق بىلەن سوراپ، ئۆتكۈنچى سودىگەرنى تۆھمەتچىدىن قۇتقۇزۇپ قويۇپتۇ. ئۆتكۈنچى سودىگەر خۇشاللىقتا زەن قويۇپ قارىسا، بۇ ھېلىقى كىمخاپ ساتقان دۇكاندار ئىكەن. ئۇ:

ــ ھاي ـ ھاي، تەقسىر، بۇرۇن دۇكاندار ئىدىڭلە، ئەجەب ھاكىم بولۇپ قاپتىلىغۇ،ــ دەپ سوراپتۇ.

ــ ھەم ئېيىن گۆزرەت،ــ دەپتۇ ھاكىم. ئۆتكۈنچى يەنە ئۆز يولىغا يۈرۈپ كېتىپتۇ.

بىر زامانلاردىن كېيىن ھېلىقى ئۆتكۈنچى يەنە بازاردىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ ئاشخانىغا كىرسە يۈزى ئىسلىشىپ كەتكەن جۇلجۇل كىيىملىك بىر ئادەم ئوچاققا ئوت قالاپ، كاللا ـ پاقالچاق ئۈتلەپ ئولتۇرۇپتۇ. ئۆتكۈنچى ئۇنىڭغا زەن قويۇپ قارىسا، ئۆتكەندە ئۆزىنىڭ دەۋاسىنى سورىغان ھاكىم شۇ.

ــ ھاي ـ ھاي، بۇرادەر، سىز ھېلىقى شەھەرنىڭ ھاكىمى ئىدىڭىز؟ ئەجەبا، ئەمدى كاللىپەزنىڭ ئوچىقىغا ئوت قالايدىغان ئەھۋالغا چۈشۈپ قاپسىزغۇ،ــ دەپ سوراپتۇ. ئوت قالىغۇچى ھېچقانچە خىجالەت بولماستىنلا:

ــ ھەم ئېيىن گۆزرەت،ــ دەپ مەغرۇر ھالدا جاۋاب بېرىپتۇ.

ــ ھاي بۇرادەر، سىز ئاجايىپ ئادەم ئىكەنسىز، مەن سىزنى خىلمۇخىل ئەھۋالدا ئۇچرىتىپ، قاچانلا سورىسام «ھەم ئېيىن گۆزرەت» دەيسىز، بۇ نېمە دېگىنىڭىز؟ــ دەپ سوراپتۇ ئۆتكۈنچى.

ــ «ھەم ئېيىن گۆزرەت» دېگىنىم، بۇ ھەم ئۆتۈپ كېتىدۇ، دېگىنىم. بۇنى نېمىدەپ چۈشەنمەي سوراۋېرىسىز. ئەھۋالىمنىڭ ئۆزگىرىپ تۇرۇشى سۆزۈمنىڭ مەنىسى ئەمەسمۇ، سىز ئېيتقاندەك، مەن ئاجايىپ ئادەم ئەمەس، بەلكى بۇ زاماننىڭ ئۆزى ئاجايىپ. بىلەمسىز، مېنىڭ ئېيتىم بۇھەم، مەنىسى ـ بۇھەم ئۆتۈپ كېتىدۇ، دېگەنلىك بولدۇ» دەپتۇ.

ــ بۇھەمنىڭ پۈتى ساق بولغىنى ئۈچۈن شەھەرلەرنى كېزىپ يۈرىدىكەن. بىزنىڭ مەھەللىدىكى توكۇر ھاپىزنىڭ ئۆتۈپ كېتىشى تەس، پىيادە قانداقمۇ ئۆتۈپ كېتەر؟ــ دېدى نورۇز.

ــ ئۇنىڭغا نېمە بوپتۇ؟ــ دەپ سورىدى موماي.

ــ بىچارە، ئازغىنە يېرىدىن ئالغان ھوسۇلى غەللە ـ پاراقنى تۆلىيەلمەي يامۇلغا سولىنىشتىن قورقۇپ، ئېشىكىنى سېتىپ بېرىپتۇ، ئەمدى ئۇ مەھەللىدىن شەھەرگىمۇ كىرەلمەيدۇ،ــ دېدى نورۇز.

ــ ھۆكۈم قاتتىق بولسا، لاتا قوزۇقمۇ يەرگە كىرىدۇ، دېگەن گەپ شۇ ـ دە، بالام! ــ دېدى موماي.

بۇ ماقال شۇ زاماندىكى بىچارە دېھقانلارنىڭ ئالۋاڭ ياساقنى تۆلىمەستىن باشقا چارىسى يوقلۇقىنى چۈشەندۈرەتتى.

پىرىزىخان مومىنىڭ شۇنداق ھېكمەتلىك سۆزلىرىگە ۋە چۆچەك ـ رىۋايەتلىرىگە ناھايىتى قىزىقاتتىم. بـۇلار مېنىڭ ياش ۋاقتىمدىكى روھىي زېھنىمگە سىڭلىنگەن ئەدەبىياتقا قىزىقىشىنىڭ ئۇندۇرمىلىرى بولۇپ قالغانىدى.

پىرىزىخان مومىنىڭ يېتىملىكىمدە قاتقان بېشىمنى سىلىغان تىترەڭگۈ قوللىرىنى، گۆدەك ۋاقتىمدا كۆرسەتكەن مېھرىبانلىقىنى ئۆمرۈمنىڭ ئاخىرىغىچە ياد ئېتــىپ خاتىرىلەيمەن.

بۇ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتچىسى، تەجرىبىلىك تەببە ۋە ئاگرونوم موماي ۋاپات بولغان چاغدا، مېنىڭ گۆدەك بېشىمغا ئاتا ـ ئانامدىن ئايرىلغان ۋاقتىمدىكى قايغۇلۇق مۇسىبەت چۈشكەنىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن مەن ئۇنىڭ نەۋرىسى نورۇز بىلەن جىنازىسى ئالدىدا ھازىـدار بـولـۇپ يىغلاپ ماڭغانىدىم.

مۇھەررىرى: مۇختار تۇردى



# مومامنىڭ شىپالىق دورىلىرى



ئابلىز ئورخۇن

### قوينىڭ كۆزى

«بالا، بالا بولغىچە ئانىسى موما بوپتۇ» دېگەن بە-
كار گەپ ئەمەس. ۋاي بۇ بالىنى چوڭ قىلماق! بەزىلەر
«بالا باقماق قانچىلىك ئىش، قورسىقىنى تويغۇزۇپ
قويساڭ ئۇخلاۋېرىدۇ ياكى ئويناۋېرىدۇ» دەپ گەپ
ساتىدۇ. شۇ بۇرادەرلەر ھېچبولمىغاندا بىر كۈن ئانا ۋە-
زىپىسىنى ئۈستىگە ئالسا ئىدى! تىلسىز باللاردا ئۇچراي-
دىغان بەزى ئاغرىق ـ سىلاقلارچۇ تېخى! مەسىلەن: بالى-
نىڭ تىلىنى چايناپ، ئاغزىدىن شۆلگەي ئېقىشىنى ئالايلى.
راست، بۇ نارەسىدىنىڭ جېنىغا پاتىدىغان، ئۇنى يىغلىتىپ
قاقشىتىدىغانمۇ ئاغرىق ئەمەس. بىراق، بالىنىڭ ئاغزىدىن
توختىماي سۇ ئاققاچقا، كىيىمىنى ھۆلىدىن ـ ھۆلى يۆت-
كەشكە توغرا كېلىدۇ.

مومام رەھمەتى ئەنە شۇنداق ئاغرىققا يولۇققان نا-
رەسىدىلەرنى كۆتۈرۈپ كەلگەن ياش ئانىلارغا: «مال
سويۇۋاتقانلارنىڭ قېشىغا بېرىپ، قوي تىلىنىڭ ئۇچىنى
كەسكۈزۈپ، ئوڭ كۆزىنى ئويدۇرۇپ، شۇنى بالىنىڭ
باش ـ كۆزىگە دوملاپ، ئاندىن ئىشىكتىلارنىڭ بېشىغا
ئېسىپ قويۇڭلار» دەپ مەسلىھەت بېرەتتى.

مەنمۇ باللىرىمنى تەربىيىلىگەندە بۇ ئۇسۇلنى قول-
لاندىم، دەپ ئېيتالمايمەن. ئەمما نەۋرىلىك بولغىنىمدىن
بېرى بۇ ئۇسۇل بەكمۇ ئەسقېتىۋاتىدۇ. نەۋرىلەرنىڭ كۆ-
پىنچىسى مومامنىڭ ئاشۇ ئەرزىمەس دورىسى بىلەن سا-
قايدى. بۇنى باشقىلارنىڭمۇ قوللىنىپ قويغىنىنىڭ يامىنى
يوقمىكىن دەيمەن.

مۇشۇنداق ئاغرىققا بەزىلەر قوينىڭ ئوڭ كۆزى ۋە
تىلىنىڭ ئۇچىنى قايناق سۇدا چايقاپ، بالىغا ئىچكۈزىدى-
كەن.

### كەپتەر

پەقەت ئۇيغۇرلارلا ئەمەس، ئومۇمەن مۇسۇلمانلار
جان ـ جانىۋارلار گۆشلىرىنى، پۈتكۈل ئۈسۈملۈكلەرنى
ئىسسىق ۋە سوغ دەپ ئايرىيدۇ. مەن ئۇنىڭ سەۋەبىنى
ياركەنت ناھىيىسىنىڭ نادەك يېزىسىدا 100 گە تاقاپ ئا-
لەمدىن ئۆتكەن غۇلامىدىن تاغىدىن سورىغىنىمدا ئۇ:
«ئادەم ئاتا بىلەن ھاۋا ئانا شەيتاننىڭ ئازدۇرۇشى بىلەن
ئاللا تائالا بىزگە راۋا كۆرمىگەن نەرسىلەرنى يەپ قويۇپ،
بېھىشتىن بۇلغىغاندا، ئىككىسىنى جاھاننىڭ ئىككى تەرىپىگە
تاشلاپتۇ. ئۇ زامانلاردا ئالەم بۇك ئورمانلىق ئىكەن. ئا-
دەم ئاتا بىلەن ھاۋا ئانا زار ـ زار يىغلىغان ھالدا بىر ـ
بىرىنى ئىزدەيدىكەن. ھاۋا ئانىنىڭ كۆز يېشى تامغان
يەردىن ئىسسىق تەبىئەتلىك ئۈسۈملۈكلەر، ئادەم ئاتىنىڭ
كۆز يېشى تامغان يەردىن سوغۇق تەبىئەتلىك ئۈسۈملۈك-
لەر ئۈنۈپ چىققانىكەن» دەپ سۆزلەپ بەرگەنىدى. بو-
ۋايغا بىر نەرسە دېمىگەن بولساممۇ، لېكىن ئىچىمدە بۇ
گەپلەرنى رىۋايەتلىكتىن يىراق، خىيالىي نەرسە دەپ ئويلى-
دىم. بوپتۇ، غۇلامىدىن تاغىنىڭ گېپىگە كىرىپ ئۈسۈمە-
لۈكلەرنى شۇنداقمۇ دەيلى. ئەمدى سىيىر، توخۇ گۆشلى-
رىنى نېمىشقا سوغۇق؛ قوي، ئات، كەپتەر گۆشلىرىنى نې-
مىشقا ئىسسىق دەيمىز؟ ئۇلار كىملەرنىڭ كۆز يېشىدىن
پەيدا بولغانىكەن؟

بۇ، ئادەم ئاتا بىلەن ھاۋا ئانىنى ئۇلۇغلاپ توقۇلغان
ئەپسانە خالاس. ئەمدى نەق گەپكە كەلسەك، ئۇيغۇرلار
كەپتەر گۆشىنى ۋە قېنىنى ئوت ئىسسىق دەپ تەرىپلەيدۇ.
شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ تېۋىپلار ئۇنى قەدىم زامانلاردىن بېرى
ئاساسەن سوغۇقتىن بولغان ئاغرىقلارغا ئىشلىتىپ كېلىۋا-
تىدۇ. بولۇپمۇ كونا تېۋىپلار كەپتەر باچكىسىنىڭ شىپالىق
خۇسۇسىيەتلىرىنى ئالاھىدە تەكىتلەيدۇ. مەسىلەن: 18 ـ
ئەسىردە ياشىغان تېۋىپلار كەپتەر باچكىسىنىڭ گۆشى
چوڭ ـ كىچىك ھەرقانداق كىشىنىڭ مىجەزىگە ماس كېلى-
ۋېرىدۇ، بىمارغا قۇۋۋەت بېغىشلايدۇ، سەمرىتىدۇ، بو-
لۇپمۇ دوۋسۇن ئاغرىقلىرىغا شىپالىق دورا، دەپ تەكىتلى-
گەن. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ تا بۈگۈنگە قەدەر دوۋسۇن ئاغ-

رىقلىرىغا كەپتەرنى بوغۇزلاپ ئىسسىق قېنىنى سۈركەش
ياكى كەپتەر گۆشىنى ئىسسىق پېتى دوۋسۇنغا چاپلاش
ئادەت بولۇپ كەلمەكتە.

كەپتەر شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدا ياشايدىغان
قېرىنداشلىرىمىز تېبابىتىدىمۇ كەڭ ئىشلىتىلىدىكەن. مە-
سىلەن: ئۇ پالەچ، ئەزالارنىڭ تىترىشى، لەقۋا، بوشاڭلىقنى
يوقىتىش، ياخشى قان پەيدا قىلىش، بەدەننى سەمرىتىش،
بۆرەكنى قۇۋۋەتلەش مەقسىتىدە ئىشلىتىلىدۇ. بۇنىڭ ئۈ-
چۈن كەپتەر باچكىسىنى يەپ تۇرۇش تەۋسىيە قىلىنىدۇ.
شۇنداقلا ئۇنىڭ ئۇنۇمىنى كۆرگىلى بولىدۇ.

مەن ئېسىمنى بىلگەندىن تا مۇشۇ كەمگىچە ئىلگىرىكى
كېڭەش ئىتتىپاقى زېمىنىدا ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلار ئارىسىدا
كەپتەرنى شىنجاڭدىكى قېرىنداشلاردەك كەڭ كۆلـەمـدە
ئىشلەتكىنىنى كۆرمىدىم. چۈنكى بۇ دىياردىكى ئۇيغۇرلار:
«بۇ نوھ ئەلەيھىسسالامغا سادىق بولغان قـۇش، ئـۇنى
تۇتۇشقا، ئۆلتۈرۈپ يېيىشكە بولمايدۇ» دەپ قـارايـدۇ.
بىراق، جان تاتلىق، بەزىدە قائىدە بۇزۇلۇپ، بەزى بالى-
لار ئاغرىقلىرى ئۈچۈن كەپتەر دورا سۈپىتىدە ئىشلىتىلى-
ۋاتىدۇ. مەسىلەن: بۇنىڭدىن 30 ـ 40 يىل ئىلگىرى كۆك-
سى سوغۇق تېگىپ ئاغرىغان ئاياللار، كەپتەرنى بوغۇزلاپ
ئىسسىق پېتى كۆكسىگە تېڭىش ئادىتى بار ئىدى. بۇنىڭ
بىلەن ئايالنىڭ كۆكسىگە چۈشكەن ئىششىق دەرھال يا-
ناتتى ياكى تېزلا ئېغىز ئالاتتى.

كەپتەر باچكىسىنىڭ تولاراق باللار ئاغرىقلىرى ئۈ-
چۈن ئىشلىتىلگىنى يادىمدا. مەسىلەن: نارەسىدىنىڭ چە-
رايى تاتىرىپ، تومۇرلىرى كۆكىرىپ چىقىپ، بېشىنى كەي-
نىگە تارتىپ يىغلىسا، تولا خەقشىلىق قىلسا، بۇ بالىنىڭ
(ئاساسەن ئوغۇل بالا) سوغى ئاشقان ھېسابلىنىدۇ. بۇنى
يەنە ئەڭگىزى ئېشىپ كېتىپتۇ، دېيىشىدۇ . مۇنداق ئەھ-
ۋالدا بىرەر ياۋا كەپتەرنى تۇتۇپ (باچكىسى بولسا تېخىمۇ
ياخشى) بالىنى يېشىندۇرۇپ، بىرىمىز ئۇنى دۈم ياتقۇزۇپ
تۇتۇپ تۇرىمىز ـ دە، يەنە بىرىمىز «بىسمىللاھىر رەھ-
مانىررەھىم، جانغا ـ جان» دەپ كەپتەرنى بالىنىڭ دول-
سىغا بوغۇزلايمىز ھەمدە ئىسسىق قانىنى بالىنىڭ دۈمبە-
سىگە، پۇت ـ قوللىرىغا، ئۈگە ـ ئۈگىسىگە، بۇرنـىـنـىڭ
ئۈستىگە، پېشانە ۋە چېكىلىرىگە سۈرىمىز. بۇ ئۇسۇل

ھەپتىسىگە ئۈچ قېتىم، كۈن ئاتلاپ، كەچقۇرۇنلۇقى يېتىش
ئالدىدا قوللىنىلىدۇ. ئارىدىن ئىككى ـ ئۈچ كۈن ئۆتۈپ،
يەنە بىر تەكرارلىسا، ئۇنۇمى تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ.

بەزى يېزىلاردا كەپتەر باچكىسى سوغى ئېشىپ، ئەڭ-
گىز بولۇپ كەتكەن باللارغا ھەر كۈنى دېگۈدەك بو-
غۇزلاپ تېڭىلىدىكەن. مۇنداق قىلىش ئۈچۈن، كەپتەرنى
قائىدە بويىچە بوغۇزلاپ، ئىچى تازىلىنىدۇ. ئاندىن گۆش
تۆمۈر ھاۋانچىدا سوقۇپ يۇمشىتىلىدۇ. بەلكىم بـۇ ئـۇ-
سۇلنىڭ ئۇنۇمى تېخىمۇ يۇقىرىدۇر. بىراق، قانچە سو-
قۇلغان بىلەنمۇ كەپتەر باچكىسىنىڭ سۆڭەكلىرى بەرىبىر
تالقاندەك ئۇۋۇلىنىپ كەتمەيدۇ. شۇڭا بالا مىدىرلىغاندا
ئۇستىخان قىيىندىلىرىنىڭ بالىنىڭ يۇمران بەدىنىگە سان-
چىلىپ جاراھەتلەندۈرۈشى، كۆتۈلمىگەن باشقا بىر ئاغ-
رىقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشى ئېھتىمال. شۇڭا بۇنداق ئۇ-
سۇلدا دورا قىلغاندا ناھايىتى ئېھتىيات قىلىش كېرەك.

بەزى جايلاردا سوغى ئېشىپ، ئەڭگىز بولۇپ كەتكەن
باللارغا كەپتەر مايىقىمۇ ئىشلىتىلىدىكەن. بىر پۇتى ياكى
ھەر ئىككى پۇتى سۆڭگىچىدىن تارتىپ تۆۋەنگە قاراپ
ئاغرىيدىغان، مېڭىش ـ تۇرۇشى ئېغىرلاشقان ئادەملەرگە
دەل كەپتەر مايىقى دورا ئىكەن. قوشنام ھاجىمۇھەممەد-
نىڭ ھېكايىسىنى ئاڭلاپ باقايلى: «قايسى يىلى ئىكەنلىكى
ئېنىق ئېسىمدە يوق، مەن ئۇ چاغدا تېخى بالا ئىدىم،ـــ
دېدى ئۇ،ـــ ئاكامنىڭ تويى بولدى. بىر يىل ئۆتە ـ ئۆت-
مەيلا يەڭگەم ئىككى پۇتىنى باسالماي ئولتۇرۇپ قالدى.
مەن سىزگە غۇلجىدا بولغان ۋەقەنى سۆزلەپ بېرىۋاتىمەن
جۇمۇ! تېۋىپلارغا ئېلىپ باردۇق، نەتىجە بەرمىدى. كېيىن
تونۇشلارنىڭ ياردىمىدە سوۋېت كونسۇلخانىسىنىڭ ئاغ-
رىقخانىسىغا ئورۇنلاشتۇردۇق، يەنە ئۆزگىرىش بولمىدى،
بىچارە قىز ناھايىتى قاتتىق دەرد تارتتى. ھەممـىـسـىـلا
سوغى ئاشقان دەيدۇ ـ يۇ، قولىدىن ئىش كەلمەيدۇ. ئانام
رەھمىتى بىرىدىن ئاڭلىدىمۇ ياكى ئۆزى بىلىپ قىلدىمۇ،
بىلمەيمەن، مېنى كەپتەر مايىقى تېپىپ كېلىشكە ئەۋەتتى.
مەن كەلگۈچە ئۆزى ئۇزۇنلۇقى 15، كەڭلىكى 10 سانتى-
مېتىرچە كېلىدىغان خالتا تىكىپ قويۇپتۇ. كەپتەر مايىقىنى
قورۇپ، ئاندىن ھاۋانچىدا سوقۇپ ھېلىقى خالتىغا قاچى-
لاپ، كىچىككىنە ياستۇق ياسىدى. ياستۇق يەڭگەمـنـىڭ

توققۇز كۆزى (قۇيمۇچى)گە قويۇلۇپ، ئوڭدا ياتقۇزۇلىدى. بۇ چارە ئۇدا ئۈچ كۈن ئاخشىمى قىلىندى. شۇنىڭ بىلەن بىچارە يەڭگەم يەر دەسسەپ كەتتى.

## كىر سوپۇن

دۇنيادا تېخى تىلى چىقمىغان بالىنىڭ ئاغرىقىنى ئىپادىلاشتىن ئېغىر نەرسە بولمىسا كېرەك. ئۇلار يا بېشىم، يا قورسىقىم ياكى پۇتۇم ئاغرىۋاتىدۇ، دەپ ئېيتالماي يىغلىغىنى يىغلىغان. شۇڭا بۇگۈنكى ياش ئانىلار بەزىدە ھەتتا چوڭلار بالىسى يىغلاپ قالغۇدەك بولسا، ۋاقتىنىڭ ئەتىگەن ياكى كەچلىكىگە قارىماي يېشى ئۇلغىيىپ قالغان قوشنا موماي‍لارغا يۈگۈرەيدۇ.

بۇنداق چاغدا موماي رەھمەتلىك ئانىنىڭ قولىدىن بالىنى ئالاتتى ۋە ئالدى بىلەن ئۇنىڭ قورسىقىنى سىيپاپ، مىجىپ تۇتۇپ كۆرەتتى. بالىنىڭ قورسىقىنىڭ كۆپمىگەنلىكىنى ئېنىقلىغاندىن كېيىن، بالىنىڭ ھەر ئىككى قۇلىقىنىڭ تۈۋىنى بارمىقى بىلەن نۆۋەتمۇنۆۋەت ئاستا باساتتى. مۇبادا بالىنىڭ قۇلىقى ئاغرىۋاتقان بولسا، بارماق بىلەن باسقاندا ئاغرىق پەسىيىپ، نارەسىدە خۇش يېقىۋاتقاندەك قىلىپ، قۇلىقىنى مومامنىڭ قولىغا ئىتتىرەتتى. شۇندا بالىنىڭ ئانىسىغا «بالىڭىزنىڭ قۇلىقى ئاغرىۋېتىپتۇ، ئۆيىڭىزگە بېرىپ، بالىنىڭ قۇلىقىغا سۈتىڭىزنى سېغىڭ» دەيتتى. ياكى بالىنىڭ قورسىقى كۆپۈپ، بىئارام قىلىۋاتقان بولسا، موماي تۈگۈچلىرىدىن ئىگىر تېپىپ، كىچىككىنە سۇندۇرۇپ چايناتتى ۋە بالىنىڭ ئېغىز ـ بۇرنىنى، قۇلىقىنى ھورداتتى، ئاردىن ئۇزاق ئۆتمەيلا بالىنىڭ ئىچىدىن يەل مېڭىپ، ئارام تېپىپ قالاتتى.

موماي رەھمەتلىكنىڭ ئاغرىق ئېنىقلاشتىكى بۇ ئادىتى ئۇسۇلى تا مۇشۇ كۈنگىچە يادىمدا.

تەجرىبىلىك موماي ـ بوۋايلار مۇنداق بالىنىڭ ئاغرىقىنى ئاسانلا ئېنىقلايدۇ. ئۇلار بالىنىڭ تولغىنىپ يىغلىشىغا، چىرايىنىڭ قارىداپ كېتىشىگە قاراپلا: «بۇ بالا چۈچۈك بولۇپ قاپتۇ» دەيدۇ.

بەزى ئانىلار مۇنداق ئەھۋالدا چوڭلاردىن كۆرگىنىنى ئەسلەيدۇ ـ دە، پەلكۈچ ياساپ كىر سوپۇنىنى ئېزىدۇ ۋە بالىنى چۈچۈكدەپ قويىدۇ. ئەگەر بالىنى چۈچۈكدىگەن پەلكۈچكە قارىسىڭىز، ئۇششاق ـ ئۇششاق قۇرتلارنىڭ مىدىرلاپ يۈرگىنىنى كۆرىسىز. بىراق، كىر سوپۇنى ئېزىپ پەلكۈچتە چۈچۈكدەش بىلەن بالىنىڭ ئىچىدىكى قۇرتلارنى تۈگىتىش مۇمكىن ئەمەس. مەن «شىپالىق يۈز ئون گىياھ» ناملىق كىتابىمنىڭ «سامساق» توغرىسىدىكى بابىدا بۇ ھەقتە يازغانىدىم. شۇنداق بولسىمۇ بۇ يەردە يەنە بىر قېتىم تەكرارلاپ قويسام ئارتۇقچە كەتمەس. بەلكى بالىلارنىڭ ساقلىقىنى ساقلاش كونىرىمايدىغان ئىش. كېيىنكى يىللىرى مەن چۈچۈكنى كېسىش مەقسىتىدە ئىككى چىش سامساقنى ئېلىپ يۇيۇپ ـ تازىلاپ ئۇششاق چانىدىم. ئاندىن ئازراق ۋازېلىن مېيىغا ئارىلاشتۇردۇم. شېشىدىكى سامساق ئارىلاشتۇرۇلغان ۋازېلىن خېلى يىللارغىچە بۇزۇلمايدۇ. مانا مۇشۇ ئارىلاشمىنى بالىنىڭ يۇرۇقىنىڭ چۆرىسىگە مايلاپ، ئۇدا بىر نەچچە كۈن داۋاملاشتۇرسىڭىز، چۈچۈك كېسىلىدۇ ۋە بالىمۇ ئارام تېپىپ قالىدۇ. مۇنداق قىلمىسىڭىز، قۇرت بالىڭىزنى ئون ياشقا كىرگەندىمۇ بەربىر بىئارام قىلىدۇ. باشقا تەسىر بولۇپ قالامدىكىن دەپ ئەندىشە قىلماڭ.

## زەمچە

شەخسەن مەن باشقا خەلقلەرنىڭ مىللىي تېبابەتچىلىكىگە ئائىت نۇرغۇن كىتابلارنى ئوقۇغان ئادەممەن. ئەمما، بولۇپمۇ غەربلىكلەر ئارىسىدا خۇددى بىزدىكىدەك، پەقەت بالىلار كېسەللىكلىرىگە بىۋاستە ئىشلىتىلىدىغان دورىلار توغرىسىدا بىر نەرسە كۆرگىنىم يوق. مەسىلەن: بىزدە بوزبۇغا، جوزبۇغا (جۇزبۇۋا) دېگەن دورىلار قەدىمدىن بۈگۈنگىچە پەقەت بالىلار كېسەللىكلىرىگىلا ئىشلىتىلىپ كەلمەكتە. شۇنداقلا ئىلىم جەۋھەر بىلەن زەمچىمۇ تولاراق بالىلار كېسەللىكلىرىگىلا ئىشلىتىلىدۇ. مەن ئۇنى مومامنىڭ، كېيىن ئاپامنىڭ تەجرىبىسىدىنمۇ كۆردۈم ھەمدە بۇنى ئۆز بالىلىرىمنى داۋالىغاندىمۇ ئاز ـ تولا ئىشلەتتىم.

ئەپسۇسكى، بۈگۈنكى كۈنلەردە بۇ دورىلارنى تېپىش ناھايىتى تەس. ئۆتمۈشتە، رۇسلاردا كۋاسىسى دەپ ئاتىلىدىغان زەمچە بىلەن لىمونني كىسلاتا دەپ ئاتىلىدىغان ئىلمىي جەۋھەر يېمەك ـ ئىچمەك ماگىزىنلىرىدا ۋە دورىخانىلاردا ھەمىشە تېپىلاتتى. بۈگۈن بولسا ئىل-

مي جەۋھەرنى بىلمەيمەن، زەمچە پەقەت بازاردا، شەخسىلەر قولىدىلا تېپىلىدۇ.

ئىلمي جەۋھەر سوغۇق تەبىئەتلىك دورا ھېسابلىنىدۇ. نارەسىدىلەرنىڭ كالپۇكنى گەز باغلاپ يېرىلىشقا تايىن تاپقاندا ئىشلىتىلىدۇ. ئىلىم جەۋھەر پىچاقنىڭ ئۇچىدا ئېلىنىپ، سىنچايغا ياكى قايناق سۇغا ئىلەشتۇرۇلۇپ، ئازراق قەنت قوشۇپ بېرىلىدۇ. كۈنگە ئىككى ـ ئۈچ قېتىم، ئۇدا ئۈچ كۈن ئىشلىتىلگەندە بالىنىڭ كەيپىياتى تامامەن باشقىچە بولىدۇ. ئۆزىنى يېنىك ھېس قىلىدۇ. ئۇنى چوڭلار ئىستېمال قىلسىمۇ زىيىنى يوق.

شۇنىمۇ ئېيتىپ ئۆتۈش كېرەككى، ئوغۇل بالىلار سوغۇقچان كېلىدۇ. شۇڭا ئوغۇل بالىلارغا قىزلارغا قارىغاندا ئازراق ئىشلىتىلىدۇ. چۈنكى، قىزلىرىمىزنىڭ تەبىئىتى ئىسسىققا مايىلراق. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ، ئۇلارنىڭ ئېچىنى ئاسانلا ئىسسىق باغلاپ كېتىدۇ. شۇندا ئۇنى قايتۇرىدىغان بىردىنبىر دورا ئىلىم جەۋھەردۇر.

بۇ يەردە ئىلىم جەۋھەر پەقەت نارەسىدىلەرگىلا ئىشلىتىلىدۇ، دېسەك، بەلكىم بىر تەرەپلىمە بولۇپ قالۇر. ئۇنداق بولغىنى ئۇنى بەزىدە چوڭلارمۇ چىشلىرىنى چىڭىتىش مەقسىتىدە ئىشلىتىدۇ. مەسىلەن: ئىلىم جەۋھەرنى پىچاقنىڭ ئۇچىدا ياكى چاي قوشۇقنىڭ سىپىنىڭ ئۇچىدا ئېلىپ، ئېغىز كۆيمىگۈدەك دەرىجىدىكى سۇدا ئېرىتىلىدۇ. ئۇنى كۈنىگە ئۈچ ـ تۆت قېتىم ئېغىزغا ئېلىپ، 15 ـ 20 مىنۇت ئولتۇرىسىز. شۇندا ئۆزلۈكىدىن بوشاپ، چۈشەي دەپ قالغان چىشلار تېزلا چىڭىيىدۇ.

ئىلىم جەۋھەرگە قارىغاندا زەمچىنىڭ ئىشلىتىلىشى پۈتۈنلەي ئەكسىچە، دېسەك خاتالاشمايمىز. مەسىلەن: تۇرمۇشتا كىچىك بالىلارنىڭ ئاغزى ئاغرىپ قاپتۇ، تىلى ئۇيۇلۇپ قاپتۇ، دېگەندەك گەپلەرنى ئاڭلاپ تۇرىمىز. ئۇنداق بالىنىڭ ئاغزىدىن توختىماي شۆلگەي ئاقىدۇ، خەقشلىقمۇ ئەۋج ئالىدۇ. بۈگۈنكى ياش ئانىلارنىڭ تولىسى ئەنە شۇنداق شارائىتتا بالىسىنىڭ ئاغزىنى قانداق ۋە نېمە بىلەن داۋالاشنى بىلمەي بېشى قاتىدۇ. ئۇنىڭ دورىسى پەقەت زەمچە، ئۇ قورۇغۇچى تەبىئەتكە ئىگە تۇزغا ئوخشايدىغان ماددا. ئۇنى نارەسىدىگە بېرىش ئۈچۈن سەل تاۋلانغان قايناق سۇغا تاشلاپ، چاي قوشۇقى بىلەن بىر ـ ئىككى مىنۇت ئارىلاشتۇرىمىز. ئاندىن قايناق سۇدىكى زەمچىنى ئېلىۋېتىپ، بالىنىڭ ئاغزىنى چايقايمىز. بالا كۈنىگە ئىككى ـ ئۈچ قېتىملا چايقىسا، تىلىدىكى ئۇيۇلغان، ئېغىزىدىكى يارا ئۈچ كۈنگە قالماي ساقىيىدۇ.

ھەر كىمنىڭ بالىسى ئۆزىگە تاتلىق. شۇڭا، بۇ نەرسە يەنە بالامغا ئەكس تەسىر قىلىپ ئاغرىتىۋالمايمۇ، دەپ تەشۋىشلىنىدىغان، ئېھتىيات قىلىدىغان ئانىلارنىڭ چىقىشى تەبىئىي. بىر ئېغىز گەپ بىلەن ئېيتقاندا، ئەندىشە قىلىشنىڭ ئورنى يوق. ئۇنداق بولغىنى، زەمچە ھۆللۈك يوقىتىپ، قان توختىتىش، ئارتۇق گۆشلەرنى يوقىتىش، يىرىڭلىق جاراھەتلەرنىڭ تېز ئەت ئېلىشىنى تەمىنلەش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە. شۇنداقلا ئۇنىڭدىن مۇۋاپىق ھالدا ئىچسە قۇسۇش ۋە كۆڭۈل ئېلىشىشنى توختىتىدۇ. سۈيدۈك تۇتۇش ئىقتىدارىنى ئاشۇرىدۇ. مۇبادا يۇمشاق ئېزىپ، ئازراق ئىلمان سۇغا ئىلەشتۇرۇپ بۇرۇنغا تېمىتسا، بۇرۇن قاناشنى توختىتىدۇ.

تاماق ـ بوغۇز ئاغرىقلىرىغا زەمچە تەمى چىقىرىلغان ئىسسىق سۇدا ئېغىزنى غار ـ غار قىلسا، ئاغرىق تېز توختايدۇ. زەمچە خەنزۇ تېبابىتىدە ئاشقازان ۋە ئۈچەيلەردىكى سۇلۇق ئىششىقلارنى ياندۇرۇش مەقسىتىدە ئىچىشكە بېرىلىدىكەن.

بەزى جايلاردا سۇدا ئېزىلگەن زەمچە چىش ئاغرىقلىرى، قان قۇسۇش، قان تۈكۈرۈشنى توختىتىش مەقسىتىدە ئىشلىتىلىدىكەن.

## قوينىڭ قۇيرۇقى

قوي گۆشىنىڭ ئەھمىيىتى توغرىسىدا سۆزلەپ ئېغىز ئۇپراتمىساقمۇ، ئۇنىڭ تەبىئىتىنىڭ قۇرۇق ۋە ئىسسىقلىقى، زەھەرسىزلىكى، بوۋاق چاغدا بەدەندە قالغان ئاغرىقلارنى داۋالايدىغانلىقى، يەلدىن بولغان ئاجىزلىقلارنى، كۆپ تەرلەشنى، تۇغۇتتىن كېيىنكى ماغدۇرسىزلىقنى، قاتتىق ئاغرىقتىن كېيىن يۈز بېرىدىغان ئاجىزلىقنى داۋالاشتىكى ئۈنۈمىنىڭ يۇقىرىلىقى ھەممىگە مەلۇم. قىسقىسى، ئۇ ئىنسان ئۈچۈن ئىنتايىن قۇۋۋەتلىك ئوزۇق.

ئەمدى ئۇنىڭ قۇيرۇقچۇ؟ ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكىگە ئائىت كىتابلاردا تەكىتلىنىشىچە، قوينىڭ قۇيرۇقى بەدەندە ياغ پەيدا قىلىدۇ، يەل زەھەرلىرىنى قوغلايدۇ. تۇغۇتتىن

كېيىنكى قورساق مۇجۇپ ئاغرىش ئاغرىقلىرىنى داۋالايدۇ. يۇزىدىكى داغلارنى كەتكۈزىدۇ، ھەرخىل دورىلار بىلەن ئىشلەتسە تېرە كېسەللىكلىرىنى داۋالايدۇ. تەجرىبىدىن مەلۇم بولۇشىچە، قوي قۇيرۇقى دوۋسۇنغا سوغۇق تەگكەنگىمۇ پايدا قىلىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن كۆيدۈرۈلگەن قۇيرۇق ياغ بىلەن دوۋسۇننى مايلاپ، پىلتىدەك ئىسسىق نەرسىگە قاقلىنىش كېرەك. بۇ ئۇسۇلنى ھەر كۈنى ئاخشىمى يېتىش ئالدىدا ئۈدا بەش كۈن (ئۇنىڭدىن ئارتۇق بولسا تېخىمۇ ياخشى) داۋاملاشتۇرۇش كېرەك. شۇنى ئەستىن چىقارماسلىق كېرەككى، داۋالىنىۋاتقان چاغدا بىمار ئۆزىنى ئىسسىق تۇتۇشى، سوغۇق سۇغا چۆمۈلمەسلىكى كېرەك.

قوينىڭ قۇيرۇقى چوڭلارغا قارىغاندا، كىچىكلەرگە كۆپرەك ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن: كىچىك بالا يېشىندۇرۇلۇپ، ئىسسىق يەردە ئۇنىڭ ئۈگە ـ ئۈگىسى قۇيرۇق ياغدا ياغلىنىدۇ. يەنە قايىنىتىلغان سۈتكە سېلىپ ئىچكۈزۈلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن يەڭگىل بىرونخىت ئاغرىقلىرىمۇ، يۆتەلمۇ ساقىيىدۇ.

كىچىك بالىلاردا سوغى ئېشىپ ئاغرىش (بۇ ھەقتە ئايرىم سۆزلىنىدۇ) كېسىلى، بولۇپمۇ ئوغۇل بالىلار ھاياتىدا تولىمۇ كۆپ ئۇچرىشىدۇ. نارەسىدە كۆزلىرىنىڭ پاختىسى ئۆرلەپ، چىرايى تاتىراڭغۇ بولسا، گەجگىسى كەينىگە تارتىپ بىئارام بولسا، دېمەك ئۇ بالىنىڭ سوغى ئاشقان.

بۇ ئاغرىقتىن قۇتۇلۇش يولى، قوينىڭ كۆيدۈرۈپ ئېلىنغان قۇيرۇق يېغىنى ئىشلىتىشتۇر. بەزىلەر بۇ ياغ بىلەن بالىلىرىنى ئۇزاق مەزگىللەرگىچە مايلاپ تۇرىدۇ. بەزىلەر دورىنى كۈچلەندۈرۈش مەقسىتىدە ئۇنىڭغا ھىڭ ئارىلاشتۇرىدۇ. بەزىلەر بولسا، قۇرۇق ياغ بىلەن سكىپىداردىن ئارىلاشتۇرۇپ، ھەتتا ئۆپكىگە سوغ تېگىشكە قارشى ئىشلىتىلىدۇ.

بەزىلەر بۇ دورىلارنىڭ مىقدارى قانچىلىك بولۇشى كېرەك؟ دەپ سورىشى مۇمكىن. شەخسەن مەن ئۇلارنى ئەھۋالغا قاراپ تەخمىنى ئۆلچەمدە ئېلىپ ياسىدىم. شۇڭا دورا ياسىغاندا بالىنىڭ ئەھۋالىغا قاراڭ دېمەكچىمەن.

ئېيتىپ قويىدىغان يەنە بىر نەرسە، ھەرقانداق كېسەل بىر ياكى ئىككى قېتىم دورا ئىشلىتىش بىلەن ساقىيىپ كەتمەيدۇ. «ئاغرىق پاتمانلاپ كىرىپ، مىسقاللاپ چىقىدۇ» دېگەن گەپ بىكار ئېيتىلمىغان. نارەسىدىنى بۇ دورا بىلەن داۋالىغاندا سەۋر قىلىپ، ئېرىنمەسلىك، يېرىم يولدا يالتىيىپ قالماسلىق ياكى ئالدىراپ دورا ئالماشتۇرماسلىق كېرەك. بۇ قەتئىي تەلەپ. پەقەت سەۋرچانلىق قىلغاندىلا ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشكىلى بولىدۇ.

مومام رەھمىتىنىڭ بىر ئادىتى پەقەت كۆز ئالدىمدىن كەتمەيدۇ. ئۇ ھەر قېتىم كەچلىك تاماق ئەتكەندە قازانغا بىر پارچە قۇيرۇق مايىنى سېلىپ قوياتتى ۋە پىشقاندا ئېلىپ، نەۋرىلەرگە شورىتاتتى. بۇنداق ئوزۇقلانغان بالىنىڭ ئورگانىزمىدا سىرتتىن بولىدىغان سەلبىي تەسىرلەرگە قارشى تۇرۇش ئىقتىدارى ئېشىپ، ئالدىراپ كېسەل تەگمەيدۇ. مومام ئەنە شۇنداق كۈتكەچكە، ئۇكىلىرىم ئارىسىدا كىچىكىدە ئۆپكىسىگە سوغ تېگىش ئەھۋالى ئەسلا كۆرۈلمىگەنىدى. شەخسەن ئۆزۈممۇ ئۆپكىگە سوغ تېگىشنىڭ نېمىلىكىنى پەقەت يېشىم 50 تىن ئاشقاندىلا ئاڭدىن بىلدىم.

## پاقلىق

پاقلىق ئۇششاق بالىلاردا ئۇچراپ تۇرىدىغان ئاغرىقنىڭ بىر تۈرى. بۇ تولىراق يېڭى تۇغۇلغان بوۋاقلاردا كۆرۈلىدۇ. تېبابەتچىلىك كىتابلىرىدىن بۇنىڭغا دائىر ھېچقانداق مەلۇمات ئۇچرىتالمىدىم. بالا ئادەتتە پاقا بولغاندا ئۇنىڭ دولىسىغا بىر نەرسە چاپلىشىۋالغاندەك بىلىنىدۇ. ئۇ چىملداپ ياكى سانجىپ ئاغرىيدۇ. ياكى بالا بويىنىنى تولغاشقا تەمشىلىۋاتقاندەك ھەرىكەتلىنىپ قاتتىق بىئارام بولىدۇ. شۇنداقلا تۈرۈلۈپ يىغلايدۇ.

مۇنداق ئەھۋالغا يولۇققاندا مومام مەريەمخان بالىنىڭ كۆڭلىكىنى كۆتۈرۈپ دولىسىغا قاراپلا: «بالا پاقا بولۇپ قاپتۇ» دەپ دېئاگنوز قويىدىغان. ئاندىن ئانىغا بالىسىنىڭ دولىسىغا سۈتىنى قېتىك ـ قېتىك ساغدۇراتتى ۋە ئۆزى قىسقا ، دىقماق، ياپىلاق باشمالتىقىغا قازاننىڭ قۇرۇمىنى سۈركەيتتى ـ دە، بالىنىڭ پاقا بولۇپ قالغان يېرىنى ئۇۋىلايتتى. كېيىن تۇتۇلمىغان يىڭنىنى ئالاتتى ۋە پاقا بولغان يەرگە سانجىپ ـ سانجىپ قوياتتى. بۇ ئۇسۇل ئۈدا ئۈچ كۈن تەكرارلىناتتى. شۇنىڭ بىلەن پاقا ياخشى بولۇپ

كېتەتتى.

ئىشقىلىپ مۇنداق كىشىلەر بىلەن كەلگەن ـ كەتكەنلەر مومامنى ئارامىغا قويمايتى. بىراق، مومامنىڭ ئۇلاردىن بىرەر قېتىم زارلانغىنىنى ئاڭلىغىنىم يوق ئىدى.

پاقا ئاغرىقىنى ئۇۋىلاپ داۋالاش بۈگۈنكى ئىلمىي تېبابەتچىلىك ئاتالغۇسى بىلەن ئېيتقاندا ئۇۋىلاپ داۋالاش دېيىلىدۇ. ئۇۋىلاش بىلەن بالىنىڭ دولىسىدىكى لوق بولۇپ قالغان يەر يانىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بالىمۇ ئاستا ـ ئاستا ئەسلىگە كېلىپ قالىدۇ.

پاقىنى ئۇۋىلىغاندىن تاشقىرى كىگىزدىن پاقا شەكلىدە كېسىپ، بۆشۈكنىڭ بالىنىڭ پاقا بولغان دولىسى ئۇدۇل كېلىدىغان يېرىگە قويۇلىدۇ. شۇ نەرسە يادىمىزدا بولسۇنكى، پاقا شەكىللىك نەرسە باشقا نەرسىدىن ئەمەس پەقەت كىگىزدىنلا ياسىلىدۇ. بالا بۆشۈككە بۆلەنگىنى بىلەن ئاز ـ تولا قىمىرلاش، بېشىنى ئۇياق ـ بۇياققا بۇراش ئىمكانىيىتىگە ئىگە. مانا شۇ ھەرىكەت بىلەن بالىنىڭ دولىسى كىگىزگە سۈركىلىپ ئۇۋىلىغاندەك ھۆزۈرلىنىدۇ.

بەزىلەر مەيلى ئۇ ئەر ياكى ئايال بولسۇن، قولىغا قاراپ، مۇبادا بارماقلار دىقماق ـ دىقماق، قىسقا ھەم ياپىلاق كەلسە، ئۇنى: «بۇ كىچىك بالىلاردا بولىدىغان پاقىنى ئۇۋىلاشقا تازا باپ كېلىدىغان قولكەن» دەپ تەرىپلىشىدۇ. مېنىڭچە بولغاندا ئاساسلىق نەرسە داۋالىغۇچى كىشىنىڭ ئۇدۇمىغا ئەمەس، بەلكى دىتىغا، ماھارىتىگە باغلىق. كەسپىي ئۇۋىلىغۇچى بولۇشقا قارىماي بەزىلەر ئادەمنىڭ دولىسىغا خۇددى چۈمۈلە ماڭغاندەك ھەرىكەت قىلىپ، غىدىقىڭىزنى كەلتۈرىدۇ. بەزىلەرنىڭ ئالدىغا بارساڭ، ئۇۋىلاشتىن كېيىن ئۆزۈڭنى بەجايىكى ئۇسسۇزلۇقى قانغان، ھاردۇقى چىققان ئادەمدەك يېنىك ھېس قىلىسەن، راھەتلىنىپ ئۇخلىغۇڭ كېلىدۇ. مانا بۇ ھەقىقىي ئۇۋىلىغۇچىنىڭ ئىشى. خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش بالىلاردا بولىدىغان پاقىنى ئۇۋىلايدىغان ئادەم ناھايىتى ئەستايىدىل، كۆيۈمچان، ئىشچان بولۇشى كېرەك. مۇنداق ئادەملەر ھەممىلا ئۆيدىن تېپىلىدۇ. گەپ قولدا بار ئالتۇننىڭ قەدرىنى قانداق بىلىشتە.

## كۆز مونچاق

خۇددى ئۆتمۈشتىكىلەردەك بۈگۈنمۇ نارەسىدىلەرنىڭ بېشىدىكى دوپپىسىدا، كوپتىسىنىڭ تۆشىدە تىكىلگەن كۆز مونچاقلارنى كۆرۈش مۇمكىن. ئوغۇل ياكى قىز بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، بەزى نارەسىدىلەرنىڭ بىلەكلىرىگە كۆز مونچاق تىزمىلىرى باغلانغان. بىلمىگەنلەر ئۇلارنى زىننەت بۇيۇمى دەپ قېلىشى مۇمكىن. تۇرمۇش تەجرىبىسى مول، ھوشيار ئادەملەر بۇ مونچاقلارنىڭ بالىغا بېزەك ئەمەس، بەلكى كۆز تەگمەسلىكى ئۈچۈن ئېسىلغانلىقىنى پەرق قىلالايدۇ. بەزى ئۇششاق بالىلارنىڭ بىلىكىدىكى كۆز مونچاقلار ئارىسىدىن جىگدە شۇڭگىدىن ياسالغان سۈنئىي مونچاقلارنىمۇ كۆرۈشكە بولىدۇ. قانداقلا بولمىسۇن، ئۇلارنىڭ ھەممىسى تىلتۇمارنىڭ ۋەزىپىسىنى ئورۇندايدۇ.

شەخسەن ئۆزۈمنىڭ كۆزىتىشىمچە، كۆز مونچاقنىڭمۇ، جىگدە شۇڭگىدىن ياسالغان مونچاقنىڭمۇ شىپالىق خۇسۇسىيىتى يوق. ئۇنداقتا كۆز مونچاق نېمىشقا تۇتىيا؟ نېمىشقا ئۇنى بالىلارنىڭ ئادەمنىڭ كۆزى چۈشىدىغان يېرىگە تىكىپ قويىمىز ياكى باغلايمىز؟ تۇرمۇشتا كۆزى ئۆتكۈر ئادەملەرنىڭ بارلىقىنى ھەتتا پەنمۇ ئىنكار قىلالمايدۇ. بەزىلەرنى «كىچىك تىلىدا ياكى كۆزىدە مەڭ بار ئىكەن» دەپ قويىمىز. ئانىلار ئۆز پەرزەنتلىرىنى خۇددى شۇنداقلاردىن ساقلاشقا تىرىشىدۇ. ئۇنى تۇرمۇشتىمۇ ئۇچرىتىپ تۇرىمىز. چۈنكى ئۇنداق خىسلەتتى بار ئادەملەر نارەسىدىلەرگە تىكىلىپ بىر قاراپ قويسا ياكى بالىنىڭ چىراي ـ شەكلىنى، گەپ ـ سۆزىنىڭ، قىلىقىنىڭ تاتلىقلىقىنى سۆزلىسىمۇ بولدى، گۆدەككە ئاچ كىرىدۇ ـ دە، ھايال ئۆتمەي يىغلاپ ئائىلىنى مالەم قىلىدۇ. ياكى بالىنىڭ قىزىتمىسى ئۆرلەپ خامۇش بولۇپ قالىدۇ. ئۇنداق «تىلىدا مېڭى بار» ئادەملەر تۇرمۇشتا ھايۋانلارغىمۇ، گۈل ـ گىياھلارغىمۇ ئۆزىنىڭ ئاچ كۆزلۈكى بىلەن پاراكەندىچىلىك سالىدۇ. شۇڭا قوغۇنچىلار قوغۇنلۇقىنىڭ بېشىغا، كەپىسىنىڭ ئالدىغا زاراڭزا تېرىپ ئۆستۈرىدىكەن. قوغۇنچىلارنىڭ ئېيتقىنى راست بولسا، كەلگەن مېھماننىڭ كۆزى بىردىنبىر تاۋۇزغا ئەمەس، ھوپپىدە ئېچىلىپ تۇرغان زاراڭزىغا چۈشىدىكەن ـ دە، پۈتۈن دىققىتى شۇنىڭغا سەرپ قىلىنغانلىقتىن گېپنوز ئاجىزلىشىپ، قوغۇن ـ تاۋۇز «يامان كۆزدىن» ئامان قالىدىكەن.

دېمەك، نارەسىدىلەرنىڭ دوپپىسىدىكى، كوپتىسىدىكى، بىلىكىدىكى كۆز مونچاق، جىگدە شۇگىدىن ياسالغان سۈنئىي مونچاق قوغۇن ـ تاۋۇزنى «يامـان كـۆزدىن» ساقلاپ قالغان زاراڭزىنىڭ رولىنى ئوينايدىكەن. چۈنكى ھەرقانداق ئادەمنىڭ كۆزى بىردىن بالىنىـڭ چـىراي ـ شەكلى، قىلىقىغا ئەمەس، بەلكى نارەسىدىنىڭ بېزەكلىرىگە چۈشىدۇ ۋە «تىلىدا مېڭى بار» ئادەمنىڭ كۆزلىرىدىكى گىپنوتىكىلىق تەسىرنى ئاجىزلاشتۇرىدۇ، شۇڭا ئـۇنـداق ئادەملەرنىڭ يامان كۆزى بالىڭىزغا ئانچە قاتتىق تەسىر قىلالمايدۇ.

ئاچ كىرىش، بۇ ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل بىر ئاغرىق بولماي، پېشقەدەم ئانىلارنىڭ ئېيتىشىچە، ئىچى تار، بالاـ قۇلۇنلۇق بولمىغان بەزى كىشىلەرنىڭ ئاچ كۆز نەزەرىنىڭ بالىلارغا يامان تەسىر بېرىشىدىن بولارمىش. كۆز تەگكەندە بالا ناھايىتى قاتتىق ئاغرىشى، كۈتۈلمىگەن ئىشلارنىڭ يۈز بېرىپ قېلىشىمۇ مۇمكىن. لېكىن ئاچ كىرگەن بالا ھەقىقەتەن يەڭگىل بولغاندا يىغلاپ خەقشىلىق قىلىپ، ئۆزىمۇ بىئارام بولىدۇ. ئاتا ـ ئانىلارنىمۇ پاراكەندە قىلىدۇ.

ياش ئانىلار مەيلى قانداق ۋاقىتتا كېلىشىدىن قەتئىينەزەر، مومام رەھمىتى ئادىتى بويىچە بالىنىڭ ئۇيەر، بۇ يەرلىرىنى سىلاپ كۆرگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ كۆزلىرىـگـە سىنچىلاپ قارايتتى. چۈنكى، ئاچ كىرگەن بالىنىڭ كۆزلىرى ئولتۇرۇشۇپ، چىرايى تاتىرىپ كېتىدۇ. بۇنداق ئەھۋالنى كۆرگەن مومام ئەڭ ئالدى بىلەن ئىنسان ئۈچۈن ئەڭ مۇھىم بولغان نان ـ تۇزنى ئالاتتى. ئاندىن ناننى كىچىك ـ كىچىك ئۇشتۇپ (مومام ناننى بەش ياكى يەتتە پارچە قىلىشنى ھەرگىز ئۇنتۇمايتتى) بالىنى ئاچلاشقا كىرىشەتتى. مومام ئەسنەپ ئولتۇرۇپ: «ئاچ كىردى، چۈش كىردى، قەلەم قاشلىق، سۇمبۇل چاچلىقلارغا بار، ئەسكى تاملىققا كەت، مېنىڭ بالامدا (ياكى قىزىمدا) نېمە ئىش قىلىسەن؟» دېگەن سۆزلەرنى يېنىش ـ يېنىشلاپ تەكرارلايتتى ۋە قولىدىكى نانغا تۇف ـ تۇف دەپ تۈكۈرگەندەك قىلاتتى. تۇزنىمۇ خۇددى شۇنداق بۆلۈپ، بالىنى ئاچلايتتى. ئاخىرىدا بالىنىڭ ئانىسى بالىسىنى كۆتۈرۈپ ئورۇن يۆتكەپ ئولتۇراتتى. شۇندا مومام «ناننى ئىتقا

بېرىۋەت» دەپ ماڭا تۇتقۇزاتتى. ئۆزى تۇزنى ئاپىرىپ ئوچاقتىكى قوقاسقا تۆكەتتى.

بەزىدە تۆت كوچىنىڭ چېتىشقان يېرى دەپ، يولدىن بىر سىقىم توپا ئالدۇرۇپمۇ ئاچلايتتى. مومامنىڭ چۈشەندىچىسىدە يولمۇ ئۇلۇغ ھېسابلىناتتى.

سۆگەل

ئادەملەر ئارىسىغا كىرىپ قالساڭ، ئاڭلىمايدىغىنىڭ يوق، كىملا بولمىسۇن، ئۆز ئورگانىزمىدىكى كىچىككىنە يارىلارنىمۇ ساقايتىۋېلىش كويىدا يۈرگەن. مەسـىـلـەن: سۆگەلنى ئالايلى، بۇ ئادەمنىڭ جېنىنى قاقشىتىپ، بىئارام قىلىدىغان ئاغرىقمۇ ئەمەس. لىكىن كۆرۈنۈشى سەت، ئادەمنىڭ سىننى بۇزىدۇ، يەنە بىرى دىققەتسىزلىكتىن بەزەر يەرگە قاتتىق سۈركىلىپ كەتسە ئاغرىيدۇ، بەزىدە قانىشىمۇ مۇمكىن. بىراق تا مۇشۇ كۈنگىچە «سۆگەلدىن پالانچى كىشى ياكى بالا ئۆلۈپتۇ» دېگەننى ئاڭلىغىنىم يوق.

يېزىلاردا پۈتۈن ياكى قولىغا چىققان سۆگەلنى يوقىتىش مەقسىتىدە ئۇنىڭغا قېتىق سۈركەپ ئىتقا يالىتىش ئادىتى بار. بالا چاغلىرىمدا بۇ ئۇسۇلنى مەنمۇ ئىشلىتىپ كۆرگەن، لېكىن ئۇنىڭدىن نەتىجە چىقمىغان. راست، بەزىلەرنىڭ قولىدىن ياكى پاقالچىقىدىكى سۆگەل ئىتقا يالاتقاندىن كېيىن ئۇۋۇلىنىپ چۈشۈپ كېتىدىكەن.

بىز يۇقىرىدا ھەممە نەرسە ئادەمنىڭ ئەقىدە ـ ئىخلاسىغا باغلىق بولىدۇ، دېگەنىدىم. شۇ پىكرىمىزنى بۇ يەردە يەنە بىر قېتىم تەكرارلىماقچىمىز. «قېتىق سۈركەپ ئىتقا يالاتقاندا سۆگەلدىن قۇتۇلىمەن» دېگەن ئىشەنچە بولۇشى كېرەك. ئىككىنچىدىن، سۆگەل پەقەت ئىتـنـىڭ يالىغىنىلا ئەمەس، بەلكى ئاچ ئىتنىڭ تىلىدىكى شۆلگەي سۆگەلگە تەگكەندە قانداقتۇر بىر رېئاكسىيە پەيدا بولالايدىكەن، دەپ ئويلايمەن. بۇنى لابوراتورىيىدە تەكشۈرۈپ كۆرسە ئىلمىي ئاساسقا ئېرىشكىلى بولاتتى.

بەزىلەر يېڭى سويۇلغان ئۆچكىنىڭ ئاچچىق ئۈچىيىنى ھەر بىر سۆگەلگە تەگكۈزۈپ بىردىن چىگىدۇ. كېيىن ئۇ ئۈچەي ئىشىك بېشىغا ئېسىپ قويۇلىدۇ. ئۈچەي قۇرۇغانسېرى سۆگەلمۇ ئۇۋۇلىنىپ، ئادەم ئۆزىمۇ سەزمىگەن ھالدا تۆكۈلۈپ كېتىدۇ. مېنىڭچە بۇنىڭدىمۇ تېخى بىز

بىلمەي يۈرگەن بىر سىر بار بولۇشى مۇمكىن. سۆگەلدىن قۇتۇلالماي يۈرگەن كىشىلەرنىڭ بۇ ئۇسۇلنى قوللىنىپ كۆرۈشنى تەۋسىيە قىلىمەن.

يەنە ياڭيۇنى ياپىلاق كېسىپ، سۆگەلگە ئۈدا بىر نەچچە كۈن تەگكۈزۈپ، ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇپ كەتكەنلەرمۇ بار.

سۆگەلنى يوقىتىشتا پىيازدىن ئەۋزەل دورا بولمىسا كېرەك، دەپ ئويلايمەن. سەۋەبى، ماڭا سۆگەل يوقىتىشنى مۇراجىئەت قىلىپ كەلگەنلەرنىڭ 30 پىرسەنتى ئەنە شۇ پىياز بىلەن ساقايدى. بۇنىڭ ئۈچۈن ھەر كۈنى كىچىكرەك بىر باش پىيازنى ئوتتۇرىدىن ئىككىگە بۆلىمىز، ئاندىن ئۇنى سۆگەلنىڭ ئۈستىگە سۈركەيمىز. ئىمكانىيەت بولسا پىيازنى كۈنىگە ئىككى قېتىم سۈركىسە ئۈنۈمى تېخىمۇ ياخشى.

بەزىدە بىر ئادەمگە پايدا قىلغان دورا ئىككىنچى بىر ئادەمگە پايدا قىلماي قالىدۇ. بۇنىڭدا، بىرىنچىدىن ئادەملەرنىڭ مىزاجى ئوخشاش ئەمەس. شۇڭا دورىمۇ ئوخشاش تەسىر قىلمايدۇ. مەسىلەن: غاڭزىگۈل قايناتمىسى بىلەن سۆگەلنى ئۈدا ئۈچ ـ تۆت كۈن يۇسا ئاسانلا چۈشۈپ كېتىدۇ. بەزىلەرنىڭكىنى ئون كۈن يۇغان بىلەنمۇ ھېچقانداق نەتىجە چىقمايدۇ.

سۆگەلنى ئاتنىڭ قىلى ياكى ئۆتكۈر پىچاق بىلەن ئېلىۋېتىشكە قارشىمەن. چۈنكى ئادەمنىڭ نازۇك ئورگانىزمى بىلەن ئوينىششقا بولمايدۇ.

### تەپكە

بىر كۈنى ئۆيگە كىرسەم، مومام مەريەمخان ئۇزۇن كۆڭلىكىنىڭ ئېتىكىنى بىر قولى بىلەن كۆتەرگەن ھالدا ئاغزىدىن شۆلگىيى ئېقىپ، ئۆپكە ـ ئۆپكىسىنى باسالماي يىغلاۋاتقان بەش ـ ئالتە ياشلىق بالىنى بوسۇغىغا ياتقۇزۇپ، بويىنىنى دەسسەۋېتىپتۇ. بۇ ئىشنى كۆرۈپ كۆزلىرىم چانىقىدىن چىقىپ كېتەي دېدى. بىراق، مومامنىڭ چىرايى ۋە كۆزلىرىدىن ھېچقانداق غەيرىي ئىپادە كۆرۈلمەيتتى.

يېشى 40 قا ئۇلىشىپ قالغان ئايال موماغا كەينى ـ كەينىدىن رەھمەت ئېيتىپ، ئۆرۈك قېقىغىمۇ قارىماي يىغلاۋاتقان بالىسىنى يېتىلەپ چىقىپ كەتتى. مۇنۇ بىر قىزىق خوتۇن ئىكەن، بالىسىنىڭ بويىنىنى ئۆڭكۈپ كەتكەن مەسسىنىڭ تاپىنى بىلەن دەسسىگەن موماىغا قاينىماي، ئۈستى ـ ئۈستىگە رەھمەت ياغدۇرۇپ چىقىپ كېتىشىمىنى تېخىمۇ ھەيران قالدۇردى. شۇڭا ئۇلارنىڭ قارىسى يىتكەندىن كېيىن مومامدىن:

ــ موما، بايىقى بالا سىز شۇنچىۋالا دەسسىگەندەك نېمە گۇناھ قىپتۇ؟ ـ دەپ سورىدىم. موماش مىيىقىدا كۈلۈپ ماڭا قارىدى ۋە ئادىتى بويىچە مېھرىبانلىق بىلەن بېشىمنى سىلاپ تۇرۇپ:

ــ بىچارە بالا تەپكە بولۇپ قاپتۇ ــ دېدى.

ــ تەپكە، دېگەن نېمە؟

ــ بايىقىمدىكىمۇ، بويىندىكى ئىششىقنى، بەزى بالىلارنىڭ بويىنىنىڭ ئوڭ ياكى سول تەرىپى ئەنە شۇنداق ئىششىپ كېتىدۇ، ــ دېدى موماش سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، ــ بەزى بالىلارنىڭ بويىنىنىڭ ھەر ئىككى تەرىپى تاكى قۇلىقىغىچە ئىششىپ كېتىدۇ. ئۇنى بايا ئۆزۈڭ كۆردۈڭ، مۇنداق كېسەلنى پەقەت مۇشۇنداق ئىرىم ئارقىلىقلا ساقايتقىلى بولىدۇ. بولمىغاندا كېسەل ئۇزىراپ كۆچىيىپ كېتىدۇ، ــ دېدى.

يىللار ئۆتتۈۋەردى، ئاۋۋال ئاتا، ئاندىن بوۋا بولدۇق. تەپكە ئاغرىقىغا ئۇچرىغان قوشنىلار بالىلىرىنىمۇ كۆردۇق. بۇ كېسەللىك مېدىتسىنا ئىلمىدا سۇنكا ياكى يۇقۇملۇق پاراتىت دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ كېسەللىككە دۇچار بولغان بالىلار يەسلىدە بولسا يەسلىگە، مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان بولسا مەكتەپكە ئەۋەتىلمەيدۇ. باشقا بالىلارغا يۇقۇشىنىڭ ئالدى ئېلىنىدۇ. بۇ كېسەللىك مېدىتسىنا ئىلمىدا قانداق ئاتىلىشى، قانداق چەكلىنىشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇيغۇر تېبابىتىدە ئۇ ناھايىتى ئاددىي ئۇسۇلدا تېز ۋە ئۈنۈملۈك ساقايتىلىدۇ. ئۇنىڭ جاجىسى تېپىش.

يۇقىرىدا مەن رەھمەتلىك موماش مەريەمخاننىڭ تەپكە بولغان بەش ـ ئالتە ياشلار چامىسىدىكى بالىنى قانداق داۋالىغانلىقىنى دەپ ئۆتتۈم. كېيىنكى يىللاردا بەزىلەرنىڭ قەتئىي ئىشەنگۈسى كەلمەيدىغان مۇشۇ ئۇسۇل بىلەن خېلى قوشنىلارنىڭ بالىلىرىنى داۋالاپ ساقايتىپ ساۋاب تاپقاندىم.

مۇھەررىرى: خۇرسەنئاي مەمتىمىن